قەلب ساداسى

# مەن خۇشال ھالدا ئىگىلىك تىكلەش يولىغا ماڭدىم

□ يەكەن ناھىيەسىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى مەھبۇبە قادىر

مەن بۇ يىل 37 ياشقا كىردىم، يەكەن ناھىيەسىدىن، نۆۋەتتە، مەن بىر كىچىك تىپتىكى تاللا بازىرىنى ئېچىۋاتىمەن.

مەن ئىلگىرى ئادەتتىكى بىر دېھقان ئىدىم، مەكتەپتە كۆپ ئوقۇمىغان، دۆلەت ئورتاق تىلىنى بىر جۈملىمۇ سۆزلىيەلمەيتتىم، قانۇن ئېڭىم تۆۋەن ئىدى، كىچىكىمدىن مومام بېقىپ چوڭ قىلغان. مومام دائىم دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ۋەز ئېيتىشىنى ئاڭلاپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماڭا ئاشۇ دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئىچكىرى رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمانچە ئەمەس، ئىشلەتسە بولمايدۇ؛ ھۆكۈمەت تارقاتقان تۈرلۈك ياردەم تولۇقلىمىسى مۇسۇلمانچە ئەمەس، ئېلىشقا بولمايدۇ؛ دۆلەت ياردەم تولۇقلىمىسى بەرگەن، كەنت ئاھالىلىرى سالغان ئەمىن ئۆيلەرمۇ مۇسۇلمانچە ئەمەس، ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ؛ ھۆكۈمەت سالغان مەكتەپلەردىمۇ ئوقۇسا بولمايدۇ، دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەتتى. مومامنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر بىز بۇنداق قىلمىساق، ئاشۇ كىشىلەر رەنجىپ قالىدىكەن، بىز كەنتتە يېتىم قالىدىكەنمىز.

ئۇزاقتىن بۇيان دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئەسەبىي گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، بىر مەزگىل مېنىڭ ھەق - ناھەق قارىشىم يوقالدى، دائىم ئەتراپىمدىكىلەرگە قالايمىقان بىلجىرلاپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا كەلسە - كەلمەس قول تىقتىم، مەن ئەتراپىمدىكى كىشىلەر بىلەن چىقىشالماي، مۇناسىۋىتىمىز جىددىيلەشتى. مەن ھەتتا ئېرىمنى «كاپىر»نىڭ پۇلىنى تاپتى، ئۇمۇ مۇسۇلمانچە ئەمەس دەپ قاراپ، ئائىلەمنى ۋەيران قىلغىلى تاس قالغانىدىم.

دەل مۇشۇ چاغدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى قۇتقۇزۇۋالدى. 2017 - يىلى 9 - ئايدا، مەھەللە كادىرلىرى مېنى ئىزدەپ كېلىپ، ماڭا قانۇن ۋە سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ، مېنى يېتەكلىدى، ماڭا ياردەم بەردى. 2017 - يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يەكەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ ئۆگىنىش - تەربىيەلىنىشىگە قاتناشتىم. تەربىيەلىنىش مەزگىلىدە، بىزنىڭ كىيىمىمىز، تاماق، ياتاقىمىزنىڭ ھەممىسى ھەقسىز بولدى، ئۆگىنىش شارائىتىمىزمۇ ئىنتايىن ياخشى، مۇئەللىم بىزنى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى جەھەتتە تەربىيەلىدى، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىق سەۋىيەم ۋە قانۇن ئېڭىم زور دەرىجىدە ئۆستى، مېنىڭ كاللامدىكى ئەسەبىي ئىدىيەمۇ تۈگىدى، مېنىڭ ئىدىيەۋى ھالىتىم، تۇرمۇش ئۇسۇلۇمدا ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش بولدى، ھازىر مەن زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇش كەچۈرۈپ، يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتىم.

مەكتەپتە كۆپ ئوقۇمىغاچقا، كىچىك ۋاقتىمدا ساۋاقداشلىق مېھرىنى ھېس قىلالمىغانىدىم، لېكىن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، بۇنداق ھېسسىياتنى ھېس قىلدىم. 2018 - يىلى مەن مەكتەپتە تەربىيەلىنىۋاتقان مەزگىلدە، بىر كۈنى چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا، تۇيۇقسىز بىئارام بولۇپ، بېشىم قېيىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، بەدىنىم تىترەپ كەتتى. شۇ چاغدا، ساۋاقدىشىم ئامىنە مېنىڭ ئەھۋالىمغا دىققەت قىلغان ئىكەن، ئۇ مېنى داۋالاش ئۆيىگە ئېلىپ باردى ھەم شۇ يەردە ماڭا ھەمراھ بولدى. ئەينى چاغدا رۇخسەت سوراپ ئۆيگە قايتىپ دەم ئېلىشنى ئويلىدىم، بىراق ئېرىمنىڭ خىزمىتى ناھايىتى ئالدىراش بولغاچقا، مېنى ئالغىلى كېلەلمىدى. ئامىنە بىلگەندىن كېيىن، مۇئەللىمدىن رۇخسەت سوراپ، ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئۆيگە قايتتى ھەم ئۆيۈمدە مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ، ئېرىم ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئاندىن مەكتەپكە قايتتى. كېسىلىم ساقايغاندىن كېيىن، مەن مەكتەپكە قايتتىم، ئۇ مېنى كۆرۈپ مېنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىمنى سورىدى، مەن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتىم. ئىلگىرى ئامىنەگە يېقىنلىشىش قىيىندەك بىلىنەتتى، پىكىر ئالماشتۇرۇشىمىز بىر قەدەر ئاز ئىدى، مۇشۇ ئىشتىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ قاپىقى يامان بولسىمۇ، كۆڭلى يۇمشاق ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئاستا - ئاستا بىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. ھازىر، ئىشىمىز بولمىسىلا كۆرۈشۈپ بازار ئايلىنىدىغان، پاراڭلىشىدىغان بولدۇق. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن، تونۇشلارغا ئۇچراپ قالسام، بۇ مېنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ساۋاقدىشىم دەپ تونۇشتۇرىمەن.

2019 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ماڭا داۋاملىق كۆڭۈل بۆلدى، ياردەم بەردى، مەھەللىمىزنىڭ ئاھالىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىرلىرى يەنىلا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئائىلىمىزگە ياردەم بەردى. ئۇلار مېنىڭ قەرز ئېلىپ ئىگىلىك تىكلىشىمگە ياردەم بەردى. ئۆيۈمگە 100 مېتىرمۇ كەلمەيدىغان كوچىدا كىچىك تىپتىكى ئۇنىۋېرسال تاللا بازىرى ئېچىشىمغا ياردەم بەردى. ھازىر، مەن ھەر ئايدا 4000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىمەن، ئىقتىسادىي شارائىتىم، تۇرمۇش سەۋىيەممۇ ياخشىلاندى.

تاللا بازىرىمنىڭ يېنىدا بىر خەنزۇ ھەدىمىز ئاچقان كىر يۇيۇش دۇكىنى بار، ئۇ بۇ يىل 60 ياشتىن ئاشتى، پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، بۇ دۇكاننى ئاچقاندى، ماڭا بەك ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، دائىم ماڭا ياردەملىشىپ بالامغا قاراپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ شىنجاڭدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقىنىغا 40 نەچچە يىل بوپتۇ، ئۇيغۇرچىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيدۇ. ھازىر، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشساملا، مەن ئۇنىڭدىن مەن بىلەن دۆلەت ئورتاق تىلدا سۆزلىشىشنى ئۆتۈنىمەن، شۇنداق قىلسام مەن دۆلەت ئورتاق تىلى سەۋىيەمنى يەنىمۇ ئۆستۈرەلەيمەن.

مېنىڭ ئېرىم چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى ھەيدەيدۇ، ھەر ئايدا 8000 - 7000 يۈەن كىرىم قىلىدۇ، گەرچە مەن ئۇنىڭدىن ئاز پۇل تاپساممۇ، بىراق تۇرمۇشۇم خۇشال ئۆتۈۋاتىدۇ، چۈنكى مەن ھەر كۈنى لەۋسۇرۇخ سۈرۈپ، قېشىمنى سىزىپ، چىرايلىق ياسىنىپ يۈرىمەن، ئېرىم ھەر كۈنى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، مېنى بەك چىرايلىق دەپ ماختايدۇ. ئىككى بالام مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ، ھېچقانداق ھەق تاپشۇرمايمىز، مەكتەپنىڭ يەنە ھەقسىز ئوزۇقلۇق تاماقى بار. ھازىر، مېنىڭ تۇرمۇشۇم ئىنتايىن بەختلىك. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قۇتقۇزۇپ قالمىغان بولسا، تۇرمۇشۇم قاراڭغۇلۇقتا ئۆتەتتى، تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق، مەن ئاخىر ئەسەبىي ئىدىيەنى تۈگەتتىم، تۇرمۇشۇم قۇياش نۇرىغا چۆمدى. بۇنىڭدىن كېيىن، مەن قانۇننى بىلىدىغان، قانۇننى چۈشىنىدىغان لاياقەتلىك پۇقرا بولىمەن، بالىلىرىمنى چوڭ بولغاندىن كېيىن، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىدىغان، ياخشى ئۆگىنىپ، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرىدىغان قىلىپ ياخشى تەربىيەلەيمەن.

# كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسى بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش دەرۋازىسىنى ئاچتى

(بېشى 11 - بەتتە)

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە زال ئىچى - سىرتى تەنتەربىيە - مەدەنىيەت پائالىيەت سورۇنى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مول مەزمۇنلۇق، رەڭدار مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدىكەن؛ كىتاب ئوقۇش ئۆيى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇشى، ئۆگىنىشىگە قولايلىق يارىتىلىپتۇ؛ قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئۆيى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ قانۇن جەھەتتىكى گۇمان، گاڭگىراشلىرىنى يېشىشىگە ياردەم بېرىلىدىكەن؛ پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش ئۆيى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈنۈپتۇ. بەشىنچىدىن، تەلىم - تەربىيە ئېلىۋاتقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، بارلىق تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى كۈتۈنۈش، داۋالىنىش قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتىدىن بەھرىمەن بولىدىكەن، ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە قاتنىشىدىكەن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تەلىم - تەربىيە ئېلىۋاتقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە قارىتا ئىجتىمائىي كاپالەت، مائارىپ - داۋالىنىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكۈلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتلىرىنى باراۋەر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئوقۇش، داۋالىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىدىكەن، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىپتۇ. ئالتىنچىدىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ھوقۇق - مەنپەئىتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈپتۇ. تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنى تۈرى كۆپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى مۇسۇلمانچە يېمەك - ئىچمەك بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيدىكەن؛ تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەر، دەرس جەدۋىلى، تاماق تىزىملىكى قاتارلىقلار بىردەك دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا بېسىلغان بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇشى ئەتراپلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىنىپتۇ.

مەن دائىم تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىمەن، ئۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماڭا كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىگە قاتنىشىشتىن ئالغان ھاسىلاتىنى سۆزلەپ بېرىدۇ: ئۇلار دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىغا ئىنتايىن زور قولايلىق يارىتىپتۇ؛ قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، قانداق ئىشنى قىلىشقا بولىدىغانلىقى، قانداق ئىشنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ، پۇقرا بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىغا جەزمەن رىئايە قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىپتۇ؛ كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاشپەزلىك، باقمىچىلىق، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش، كەپشەرلەش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگىنىپتۇ، بەزى تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۆزى ئىگىلىك تىكلەپتۇ، بەزىلىرى زاۋۇت ياكى كارخانىلاردا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، كىرىمى كاپالەتكە ئىگە بوپتۇ. سىستېمىلىق ئۆگىنىش ئارقىلىق، تەربىيەلەنگۈچىلەر تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ خەۋپىنى ئېنىق تونۇپ، روھىي ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، نورمال تۇرمۇشقا قايتىپتۇ.

ئۇيغۇرلاردا «ئىت قاۋاۋېرەر، كارۋان يولىغا يۈرۈۋېرەر» دەيدىغان ماقال - تەمسىل بار. مەيلى يامان غەرەزلىك كىشىلەر ھەرقانچە بوھتان چاپلىسىمۇ، لېكىن ئەينەن ئەھۋالنى يوققا چىقىرالمايدۇ، بىز دىنىي زاتلارنىڭ قەلبىمىز يوپيورۇق. بىز كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى بولمىسا، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلىمىز. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى، گۈللىنىشى، تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى سىجىل ساقلىشى ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم يامان غەرەزلىك كىشىلەرگە بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بىر قارا «قانۇن لايىھەسى» بولۇپ، بىز قەتئىي قوشۇلمايمىز. سوراپ باقسام، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ئۈزۈلمەي يۈز بېرىدىغان، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي تىنچ كۈنلىرىمۇ كاپالەتلەندۈرۈلمىگەن جەمئىيەتتە ياشاشنى كىممۇ خالىسۇن؟ تىنچلىققا ئىنتىلىش، گۈزەل تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىش ھەربىر ئادەمنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى. پەقەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىلا ھەقىقىي ھالدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پاراۋانلىقىنى كۆزلەيدۇ. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، كومپارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلق بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلاشسا، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

# ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازلىق ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز ليۇ شياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازلىق ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق ھەم ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتى تەقسىملەپ چۈشۈرگەن ۋەزىپە تىزىملىكى بويىچە، پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇش، قۇرۇلۇش ئۆلچىمى، تەشكىللەپ يولغا قويۇش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، باھالاش ۋە گرافىكلاشتۇرۇپ ئارخىپقا كىرگۈزۈشنى بىرتۇتاش پىلانلىشى؛ يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن يىللىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئۆلچەمگە ئەستايىدىل توغرىلىنىپ، تۈرلەرنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ۋاقىت چېكى تەلەپگە ئاساسەن قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى تولۇق تاماملىشى؛ 2020 - يىللىق ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ پىلانلاپ، 2019 - يىللىق يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى ئالدىن پىلانلاپ ۋە زاپاس ساقلاپ، تۈر ئامبىرىنىڭ ئاساسىي تىرەكلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى؛ بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدىكى سۇ ئاپىتى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، سۇ بۇزۇۋەتكەن قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، كېلەر يىللىق ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچلۈك سۇچىلىق ئاساسىي كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مۇھىم، زور سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەمەلىي قۇرۇلۇش مىقدارىنى كۆپرەك شەكىللەندۈرۈش؛ يېزىلاردىكى ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈپ، قۇرۇلۇشلارنى چوڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش؛ سۇ باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىكىدىكى سۇ باھاسى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتى قاتارلىق سۇچىلىق ئىسلاھاتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەڭ ئېتىبار بېرىپ، نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك.

# تەلىم - تەربىيە مەركىزى «كېسەل داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزىدىغان» جاي

(بېشى 11 - بەتتە)

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، مەن تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈم، دەرسلىك جەدۋىلى، تاماق تىزىملىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغانلىقىنى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىدىغىنى تۈرى كۆپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان مۇسۇلمانچە يېمەك - ئىچمەك ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بوپتۇ، دۆلەت ئورتاق تىلىدىمۇ سۆزلىيەلەيدىغان بوپتۇ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنىمۇ ئىگىلەپتۇ. تەربىيەنى تاماملاپ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆگەنگەن ماھارىتى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈپتۇ. بۇ يەردە، مەن ناھايىتى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆپچىلىككە شۇنداق دەيمەنكى، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئەسلا چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ئېيتقاندەك ئادەم تۇتىدىغان، ئادەم قامايدىغان، ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان «جازا لاگېرى» ئەمەس، بەلكى ئادەم قۇتقۇزىدىغان، كېسەل داۋالايدىغان، ئادەم تەربىيەلەيدىغان مەكتەپ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ئارقىلىق، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى نورمال تۇرمۇشقا قايتۇرۇپ كەلدى. مەسىلەن، مەن تونۇيدىغان گۈزە مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەكرەم تۇرسۇن ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن، شىپاخانىدا ئىشلەۋاتقان خوتۇنىنى ئىستىپا بەرگۈزۈپ ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ، خوتۇنىغا نىقابلىق كىيىم كىيىشنى بۇيرۇپ، يات ئادەملەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشنى چەكلىگەن؛ ئەسەبىي ئىدىيە «مۇسۇلمانلار»نىڭ «كاپىرلار» بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشقا يول قويمىغاچقا، ئۇ تونۇشقىنىغا ئون نەچچە يىل بولغان سودا ھەمراھى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەن. بۇ يىل 5 - ئايدا تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئەكرەم تۇرسۇننىڭ قانۇنچىللىق قارىشى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپتۇ، ئۇ ئىلگىرى سودا - سېتىق توختامىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن، ھازىر نېمىلا ئىش قىلسا قانۇنغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، تەرتىپ بويىچە قىلىدىغان بوپتۇ ھەم ئالاقىلەشمىگىنىگە ناھايىتى ئۇزاق بولغان سودا ھەمراھى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىرلىكتە ئىگىلىك تىكلەپ، «يۈنبېتاڭ» قاشتاش دۇكىنى ئېچىپتۇ، ھازىر ئۇنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 6000 يۈەندىن ئېشىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىپتۇ.

مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە يامان غەرەزدە بوھتان چاپلىغان ئاشۇ كىشىلەرنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، سىلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە قارىتا كەلسە - كەلمەس سۆزلەشكە نېمە سالاھىيىتىڭلار بار، تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ ياخشى - ياخشى ئەمەسلىكىنى شىنجاڭدا ياشاۋاتقان بىزلا بىلىمىز. بۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان قەشقەرگە كېلىپ ساياھەت قىلىدىغانلار يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىرىمى يىلدىن - يىلغا ئاشتى، تۇرمۇش شارائىتى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى. ھەرقانداق دۈشمەن كۈچنىڭ بىزنىڭ تىنچ، بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش سۇيىقەستى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ.